# ئۇلار نېمىدىن قورقىدۇ؟ مەنالىرى ئوچۇق ئايەتنى قوبۇل قىلىدىغان، چۈشەنمىگەن ئايەتلەرنى ئىنكار قىلىدىغان

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنىڭ رەسۇلۇللاھتىن بايان قىلىنغان، ئاللاھنىڭ ئىسىل سۈپەتلىرى توغرۇلۇق كەلگەن بىر ھەدىسنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىنى كۆرگەندە، غەزەپلىنىپ مۇنداق دېگەن: ئۇلار نېمىدىن قورقىدۇ؟ مەنالىرى ئوچۇق ئايەتنى قوبۇل قىلىدىغان، چۈشەنمىگەن ئايەتلەرنى ئىنكار قىلىدىغان

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ئەبى ئاسىم"سۈننە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -] [ئابدۇررەززاق"مۇسەننىپ ئابدۇررەززاق"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆزىنىڭ دەرسىگە قاتنىشىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئەيىپلىدى، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى توغرۇلۇق ھەدىسلەرنى ئاڭلىغاندا بۇنى قوبۇل قىلالماي قورقىنىدىن تىترەپ كېتىدۇ. رەسۇلۇللاھتىن سەھىھ يول ئارقىلىق كەلگەن ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىدىن چۈشەنگىنىگە قارىتا تېگىشلىك ئىمان ئېيتماستىن ئۇ مەنىلەرنى ئاللاھ تائالا مەقسەت قىلغان مەنىلەردىن باشقا مەنىلەرگە قارىتىشقا ئۇرىنىدۇ. بۇ مۆمىن كىشى شەك قىلمايدىغان بىر ھەقىقەت

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3376

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee